پەتىۋالارنىڭ ئۆزىنىلا ئالدىم. بۇ كىتاپنىڭ كېڭىيىپ كەتمەسلىكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋاقتىنى، زېھنىنى ئالماسلىق ئۈچۈن بىرىلگەن پەتىۋالارنىڭ دەلىل پاكىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويمىدىم. كۆپلىگەن ئاياللارنىڭ سورىغان سۇئاللىرى مۇھىم بولغانلىقتىن ئاز بىرقىسىم جايلاردا شۇ سۇئاللارنى ئەينەن بەردىم. سۇئاللارغا بىرىلگەن ھەربىر جاۋاب ئاخىرلاشقاندا شۇ جاۋابنىڭ ئىشەنچلىك بولىشى ئۈچۈن جاۋاب بەرگەن ئالىمنىڭ نام شەرىپىنى تىرناق ئىچىگە بەردىم. بۇ كىتاپتا بىرىلگەن پەتىۋالارنى مەزمۇن ئىتبارى بىلەن بابلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردۇم. بۇ كىتاپتا بىرىلگەن پەتىۋالار سۇئال بەرگەن ئاياللارغىلا خاس بولماستىن بارلىق مۇسۇلمان قىز ئاياللىرىنىڭ ئۆزىگە تەتبىقلىشىغا ئەرزىيدۇ.

بۇ كىتابنى مۇسۇلمان قىز ئاياللىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئەرەبچىدىن بىۋاستە ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلدىم. بەزى بىر پەتىۋالار ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغاندىن باشقا كۆپ ساندىكىلىرى ئەينەن (سۆزمۇ- سۆز) تەرجىمە قىلىندى. قىز ئاياللىرىمىزنىڭ ئوقۇپ ئەمەل قىلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن .

تەرجىماندىن .

2006-يىلى 1- ئاينىڭ 26 - كۈنى

## ئايال ۋە تاھارەت توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بەزى داغلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئاياللار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق،



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

چەكلىيەلمەيدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

6.خېنە يېقىلغان چاچقا مەسھ قىلىشقا بولىدۇ ، ئەمما (جىنابەتكە ئوخشاش) چوڭ تاھارەتتە باشنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇش لازىم. مەسھ قىلىپ قويۇشلا كۇبايە قىلمايدۇ. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

7.بىرەر قىيىنچىلىق بولسا ياكى ھاۋا بەك سوغۇق بولۇپ قالسا ۋە ياكى تارتىۋېتىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ياغلىق ئۈستىگە مەسھ قىلىش جائىز. ئۇنداق بولمىسا مەسھ قىلمىغان ئەۋزەل. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

8.چاچنىڭ بەزىلىرىنى بوياش: غۇسلى قىلغاندا ياكى باشقا مەسھ قىلغاندا سۇنىڭ تېرە ياكى چاچ بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشىنى چەكلىسە، ئۇنى يوقۇتۇش ۋاجىب، چۈنكى ئۇ تاھارەتنىڭ كامىل بولۇشىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ .

9.ئەمما تېرىگە سۇ يۇقۇشتىن توسمىسا پەقەت خېنىگە ئوخشاش بوياقلار بىلەن بويالسا كېرىكى يوق. (شەيخ ئىبنى مۇنىۇ )

10.چاچنى مايلاش ۋە لەۋسۇرۇخ ئىشلىتىش تاھارەتنى سۇندۇرالامدۇ؟ مايدىن باشقىلىرى تاھارەتنى سۇندۇرالمايدۇ. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

11.ماي تاھارەت ئالغاندا سۇنىڭ تېرىگە يېتىشىنى چەكلەيدىغان بولسىچۇ؟ ئەگەر تاھارەت ئالغاندا يۇيۇشقا تېگىشلىك ئەزالار ئۈستىدىكى ماي سۇنىڭ يېتىشىگە توسالغۇ بولىدىغان



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.com

ئەمەس. (شەيخ ئىبنى باز )

32.مېيىت يۇيۇش تاھارەتنى سۇندۇرامدۇ ؟ تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ ، بىراق مېيىت يۇغۇچى مېيىتنىڭ ئەۋرىتىنى تۇتسا تاھارەت سۇندۇ. يۇغۇچى مېيىتنىڭ ئەۋرىتىنى بىۋاستە تۇتماسلىقى كېرەك . (شەيخ ئىبنى باز )

33.چاچقا خېنە يېقىش تاھارەتنى سۇندۇرامدۇ؟ تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ياقسا تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ. چاچقا خېنە ئۇستىدىن مەسىھ قىلىنىشمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. (شەيخ ئىبنى باز )

34.ساقلىق ساقلاش سايمانلىرىنى تۇتۇش ۋە مۇنچىنىڭ تىگىگە يالاڭ ئاياق دەسسەش قاتارلىقلار تاھارەتنى سۇندۇرمايدۇ . (شەيخ ئىبنى باز )

35.چىش ئارلىقلىرىدا قېلىپ قالغان تاماق قالدۇقلىرىنى تاھارەت ئالدىدا ئېلىۋېتىشنىڭ ھۆكمى نىمە؟ تاھارەت ئېلىشنىڭ ئالدىدا چىش ئارىلىقلىرىدىكى قالدۇق تاماقلارنى ئېلىۋېتىش ۋاجىپ ئەمەس. بىراق تاماقدىن كېيىن چىش ئارلىقلىرىنى تازىلاش ياخشى خىسلەت ۋە چىش، ئېغىز كېسەللىكلەرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. (شەيخ ئىبنى فەۋزان )

-2005يىلى 8-ئاينىڭ 26-كۈنى



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

## ئاياللار ۋە غۇسلى توغرىسىدا

24جاۋاب بار .

1.ھەيزدار ئايال غۇسلى قىلىش ئۈچۈن چېچىنى چۇۋۇش ۋاجىپ ئەمەس، لېكىن ئېھتىيات يۈزىسىدىن ۋە ئىختىلاپتىن يىراق بولۇش ئۈچۈن چېچىنى چۇۋۇش ياخشى. (پەتىۋا كومىتېتى )

2.جۇنۇپ ئايال چېچىنىڭ پەقەت ئۈستى قىسمىنىلا يۇيۇپ قويۇش توغرا ئەمەس، بەلكى چاچنىڭ تىگىگە چوقۇم سۇ يەتكۈزۈش لازىم. (شەيخ ئىبنى فەۋزان )

3.ئەگەر چاچ ئۆرەپ قويۇلغان بولسا، غۇسلى قىلىش ئۈچۈن ئۇنى چۇۋۇش ۋاجىپ ئەمەس، بەلكى ھەممە چاچقا سۇ يەتكۈزۈش ئۈچۈن چاچنى جۆمەكنىڭ ئاستىغا تۇتۇش ۋە چاچ ئارلىقلىرىغا سۇ يەتكۈزۈش ئۈچۈن چاچنى سىقىش لازىم. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

4.ئايال كىشى ئېھتىلام بولۇپ ئويغاندىن كېيىن بىرەر ھۆللۈكنى بايقىمىسا غۇسلى ۋاجىپ بولمايدۇ .

5.ئەگەر بىرەر ھۆللۈكنى بايقىسا غۇسلى قىلىش ۋاجىپ . (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

6.ئۆتمۈشتە ئېھتىلام بولغان كىشى: ئەگەر بىرەر ھۆللۈكنى بايقىمىغان بولسا ھېچ گەپ يوق. ئەگەر بىرەر ھۆللۈكنى بايقاپ قالغاندا بولسا، غۇسلىسىز ئوقۇغان نامازلىرىنى ھىسابلاپ قايتا



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

5.ھەيز قىننىڭ سۈپىتى: پۇرىقى بەد بۇي ، رەڭگى قارا، سۇيۇق ئەمەس قويۇق . (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن ).

6.ھەيز باشلىنىشىنىڭ ھۆكمى: ھەيز كۆرۈش مۇمكىنچىلىكى بار چاغدا، قان كەلسە، قان توختىغانغا قەدەر كۈتۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھەممىسى ھەيزنىڭ قىنى ، تەكرار كېلىشىنى كۈتۈش ھاجەتسىز .

7.ئاياللىغا كەلگەن قان شۈبھىلىك بولۇپ قالسا: ئەسلىدە ئاياللارنىڭ جىنسى يولىدىن كەلگەن قان، ئىستىھازەنىڭ قىنى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغۇچە ھەيزدۇر . (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن ).

8.ھەيزدىكى داۋالغۇش: بىر كۈندىن ئازراق بولسا پاكدۇر. ئۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى قان بىردەم كېلىپ بىردەم توختايدۇ. پەقەت قاننىڭ توختىشى بىلەنلا پاك بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغى بولمايدۇ، ئەگەر قان بىرەر سائەتتىن ئازراق توختىسىمۇ شۇنداق. (شەيخ ئىبنى باز ).

9.بەزى چاغلاردا ھەيزنىڭ قىنى توختاپ غۇسلى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، قان كېلىدۇ : ئەگەر پاكلىنىپ بولغاندىن كېيىن كەلگەن سۇيۇقلۇق، سېرىق رەڭدە ياكى تۇتۇق دۇغرەڭدە بولسا ھەيز ئەمەس، بەلكى سۇيدۇكتۇر. ئەگەر ئۇ قىنىق قان بولسا ھەيز دەپ قارىلىدۇ. قايتا غۇسلى قىلىشى لازىم. (شەيخ ئىبنى باز ).

10.كۆپۈنچە ئاياللاردا ئاق كىر ھەيزدىن پاك بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن ).


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

قنزىل ئەمەس (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

3.ئاق كىر: ھېيىز تۈگىگەندە بالا ياتقۇ ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئاق رەڭلىك سۇيۇقلۇق. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

4.ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئاق كىر كۆرمەيدىغان لېكىن بىر ھەيزدىن يەنە بىر ھەيزگىچە تۇتۇق رەڭلىك سۇيۇقلۇق كېلىدىغانلىرى بار، قاننىڭ توختىغانلىقى -گەرچە سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق كېلىپ تۇرسىمۇ- بۇ ئاياللىنىڭ پاك بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

5.ھېيىزدىن بۇرۇن كېلىدىغان تۇتۇق ۋە سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق: ئەگەر ھەيزنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن بولسا، ئۇ ھېيىزدۇر. «ئۇنى ھەيزدار ئايال بىشى ۋە قورسىقىنىڭ ئاغرىش بىلەن سېزىۋالالايدۇ» ئەگەر بۇنداق ئالامەتلەر كۆرەلمىسە ، ئۇ ئايال پاك بولغان بولىدۇ . (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

6.ئەگەر ھېيىزدىن كېيىن تۇتۇق رەڭلىك ۋە سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق كەلسە، ئۇ تۈگىگۈچە تۇرۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى ھېيىزگە ياندىشىپ كەلگەن تۇتۇق رەڭلىك سۇيۇقلۇق ھېيىزدۇر. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

7.ھېيىز مەزگىلىنىڭ غەيرىدە كەلگەن ئاجراتمىلار ھېيىزنىڭ ھۆكمى ئەمەس. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

8.ئاياللىنىڭ جىنسى يولىدىن شەھۋەتسىز كەلگەن نەرسە غۇسلىنى ۋاجىپ قىلمايدۇ. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

ئۇنى چەكلەش جائىز. (لۇجنەتۇتدائىم )

29.هاملىدار ئايال نەپىقسىنى خولئىغا (ئېرىغا مال – مۈلۈك بېرىپ سۆزىنى ئېلىش) بەدەل قىلسا بولامدۇ؟ بولىدۇ . ئۇنداق ئىش ھەنبەلىيە مەزھىپىدە مەشھۇر (شەيخ سەئىد )

30.ئەر ئۆز ئايالىنى بىر قېتىم تالاق قىلغاندىن كېيىن ئايالىنىڭ ھاملىدار ئىكەنلىكى ئايان بولسا يېنىۋالسا بولامدۇ ؟ شۇنداق، ئايال يەڭگىشتىن بۇرۇن، مەيلى قوشۇلسۇن، قوشۇلمىسۇن . يېنىۋالسا بولىدۇ . بىراق، يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ. لېكىن يېڭىدىن تويلۇق ئېلىپ، ۋەلى، گۇۋاھچىلارنى ھازىرلاپ ئالسا بولىدۇ .

31.ھاملىدار تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتسە: ئۇنىڭ يارىتىلىپ بولغانلىقى ئاشكارا بولسا ئايال نىپاسدار بولۇپ روزا تۇتمايدۇ، بولمىسا ئىستىھازە بولۇپ قۇربى يەتسە روزا تۇتىدۇ .

32.تۇغۇت سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ساۋابى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «بالىسى بىلەن بىرگە ئۆلۈپ كەتكەن ئايال شەھىد» دېگەن . (ئەبۇداۋۇد) رىۋايەت قىلغان) .(لۇجنەتۇتدائىم )

33.ھاملىدار ئايالدىن كېلىدىغان قان: ھەيز ئەمەس، بۇزۇق قاندۇر، ئۇ، ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە ئۇ ئېرىگە ھالال بولىدۇ (جىنسى ئالاقە قىلالايدۇ). (لۇجنەتۇتدائىم )


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

(شەيخ ئىبنى فەۋزان )

-2005يىلى 9-ئاينىڭ 7-كۈنى

ئايال ۋە نەفاس توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۆزۈرىغا بەزى داغلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئايالالار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ توربەتنى كۈرۈشكە مۇيەسسەر بۇلالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشنى تەۋسىيە قىلىمىز .



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.cn

ئۈچراشماسلىق : ئۈنداق ئايال قىرىق كۈندىن كېيىن غۇسلى قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

6.يەڭگىشتىن بىر ئىككى كۈن ئىلگىرى قان كۆرسە قان ئۆزلۈكىدىن كەلگەن بولسا نەفاسدۇر. شۇ سەۋەبلىك ناماز ۋە روزىدىن توختايدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

7.قان ئۆزلۈكىدىن كەلمەي بىرەر ئىش سەۋەبلىك كەلسە ئۇ بۇزۇق قان بولۇپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ۋە ئۇ ئايالنى ناماز ۋە روزىدىن چەكلىمەيدۇ . (لۇجنە تۇتدائىم )

8.نەفاسدار ئاياللارنىڭ نەفاس توختىغاندىن كېيىن غۇسلى قىلىش ۋاجىپ. (شەيخ ئىبنى فەۋزان )

9.نەپاس قېنىنىڭ ئۆزگىرىشى: شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئېنىق پاك بولغانلىقى ئاشكارا بولمىسىلا قانىنىڭ ھۆكمىگە مەنسۇپتۇر . ئېنىق پاك بولغانلىقىنى كۆرمىگىچە كۈتۈپ تۇرىدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

10.ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق يەڭگىگەن ئايالدىن كەلگەن قان نەپاسنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ ، ئەگەر قان كۆرمىسە ئۈنداقتا ناماز ئوقۇيدۇ ۋە روزا تۇتىدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

11.نەفاسدار ئايالنىڭ بەدىنى نىجىس بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەپ ئىچىشكە، جىنسى ئالاقىسىز قۇچاقلىششقا بولىدۇ . (لۇجنە تۇتدائىم )

12.تۆرەلمە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن كەلگەن قان: تۆرەلمە



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

2005-يىلى 9-ئاينىڭ 7-كۈنى

ئايال ۋە كىيىم - كېچەك توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۆزۈرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئاياللار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ توربەتنى كۈرۈشكە مۇيەسسەر بۇلالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشنى تەۋسىيە قىلىمىز .

61جاۋاب بار

1.ھجاپنى تونۇش – ئۇ ئايالارنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى «يۈزى ۋە ئالقىنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە» ۋە زىبۇ - زىننەتلەرنى يات ئەرلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن توسىدىغان نەرسە بىلەن ئوراشتۇر، بۇ كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي بىلەن بولىدۇ. (شەيخ بەكرى ئەبۇزەيد )


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

2005-يىلى 9-ئاينىڭ 10-كۈنى

## ئاياللار ۋە ناماز توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۆزۈرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئاياللار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمۈد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ توربەتنى كۈرۈشكە مۇيەسسەر بۇلالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشنى تەۋسىيە قىلىمىز .

91جاۋاب بار .


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.cn

قويۇلمىغان، ئەزان، تەكبىر مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن ئەرلەرگە خاستۇر. (لۇجنە تۇدائىم )

73.ئايال كىشى ئاياللارغا ئىمام بولۇپ پەرز نامازلارنى ۋە تەراۋىھ نامازلارنى ئوقۇپ بەرسە بولىدۇ . بىراق ئەرلەرنىڭ ئىماملىرىغا ئوخشاش سەپنىڭ ئالدىغا چىقىۋالماسلىقى كېرەك. (لۇجنە تۇتدائىم )

74.ئەرنىڭ مەسجىد ئىچىدە سەپتە باشقا ئاياللار بىلەن تۇرغان ئاياللىنىڭ قېشىدا يالغۇز تۇرۇشى جائىز ئەمەس، بىراق ئايالى يالغۇز بولسا كېرەك يوق. (شەيخ سەئىد )

75.ئاياللارنىڭ مەسجىدىل ھەرەمدە ئوقۇغان نامىزىدىن ئۆيدە ئوقۇغان نامىزى ئەۋزەل، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرۇپ: «ئاياللار ئۈچۈن ئۆز ئۆيلىرى ياخشى» دېگەن . چۈنكى ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئەڭ ئوبدان ئورىلالايدۇ ۋە پىتنىدىن ئەڭ يىراق تۇرالايدۇ. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

76.ئاياللارنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان يېرى ئەرلەرنىڭكىدىن يىراق، ۋە ئايرىم بولسا پىتنە خەۋپى تۆگكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار ئۈچۈن سەپنىڭ ئەۋۋىلى ياخشى. (شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن ، شەيخ ئىبنى فەۋزان )

77.ئاياللارنىڭ جۈمئە نامىزىنى ئوقۇش: ئاياللار ئىمام بىلەن جۈمە نامىزى ئوقۇسا دۇرۇس، ئەگەر ئۆز ئۆيىدە ئوقۇسا پېشىن نامىزىنىلا ئوقۇيدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

ئاياللار ۋە جىنازا توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۆزۈرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئاياللار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىشۋىلىشنى ئۈمۈد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ توربەتنى كۈرۈشكە مۇيەسسەر بۇلالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشنى تەۋسىيە قىلىمىز .

15-جاۋاب بار .

1.ئاياللارنىڭ جىنازا نامىزىغا ئەرلەر بىلەن ئورتاق قاتنىششى جائىز. چۈنكى ئىبادەت ئەسلى ئەر – ئايالغا ئورتاقدۇر. (لۇجنە تۈتدائىم )

2.ئىمام ئەر مېيىتنىڭ باش تەرىپىدە ئايال مېيىتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تۇرۇپ نامازنى چۈشۈرىدۇ . (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

3.ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىششى؛ بۇ ھەقتە ئۇممۇ تەتىيە مۇنداق دېگەن : «بىز جىنازىغا ئەگىششدىن توسۇلدۇق، ۋە بىزگە (ئۇ قەتئىي لەشتۈرۈلمىدى ) » (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس )



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

-2005يىلى 9ـئاينىڭ 21ـكۈنى

ئاياللار ۋە روزا توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئاياللار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمۈد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ تورىبەتنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز .



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.cn

64جاۋاب بار :

1.قىز ـ ئايال بالاغەتكە يەتسە روزا تۇتۇش ۋاجىپ. بالاغەتكە يىتىش تۆۋەندىكى تۆت ئىشنىڭ بىرى بىلەن بولىدۇ ؛ 1ـ 15 ياشقا تولۇق توشۇشى، 2ـ ياكى جىنسى ئەزا ئەتراپىغا تۈك ئۈنۈش، 3ـ ياكى ھەممىگە تونۇش بولغان مەنىي كېلىش . 4ـ ياكى ھەيز كېلىش ، بۇ ئىشلاردىن بىرەرسى كۆرۈنسە گەرچە قىز 10 ياش بولسىمۇ روزا تۇتۇش ۋاجىپ. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

2.ئايال كىشى ھەيزدىن كۆن چىقىپ بولغاندىن كىيىن پاك بولسا؛ ئۇنىڭ توختىشى توغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ئىككى تۈرلۈك قاراش بار. ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭ شۇ كۈنى يەپ ـ ئىچىشتىن توختۇتۇشنىڭ زۆرۈرىيتى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ شۇ كۈنلۈك روزىسى، شۇ كۈننىڭ ئەۋۋىلىدىلا ھەيز بولغانلىقى ئۈچۈن دۇرۇس ئەمەس. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

3.شام نىڭ ئازراق ئالدىدا ئادىتى كىلىپ قالسا، ئۇنىڭ روزىسى بىكار بولۇپ كىتىدۇ . ئەگەر شامدىن كىيىن كەلسە روزىسى دۇرۇس. قازاسىنى قىلىش كەتمەيدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

4.پاك ئايال روزا تۇتۇۋىتىپ ھەيزنىڭ ئالامەتلىرىنى ھىس قىلسا ئۇ قان، كۆن كىرىپ كەتكەندىن كىيىن كەلسە ئۇنىڭ روزىسى دۇرۇس. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

5.پاك ئايال ھامىلدار بولۇپ قان كەلسە؛ كەلگەن قان بىر تامچە بولسۇن ياكى ئىككى تامچە بولسۇن، ۋە ياكى ئۈنىڭدىن



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

تارتىش. 5ـ تىلنى غەيۋەتتىن، چېقىمچىلىقتىن، ئادەم تىللاشتىن، هارام گەپ سۆزلەردىن يىغىش. (شەيخ ئىبنى فەۋزان )

ـ2005يىلى 9ـ ئاينىڭ ـكۈنى

ئايالالار ۋە زاكات توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىهۇ. ئەزىز هەمشىرىلىرىمىزنىڭ هۇزۇرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئايالالار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتۋالىرىنى سۇندۇق، هەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمۈد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ تورىبەتنى كۈرۈشكە مۇيەسسەر بۇلالمىغان هەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز .


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

2005-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى

ئاياللار ۋە ھەج توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۆزۈرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئايالالار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ توربەتنى كۈرۈۋشكە مۇيەسسەر بۇلالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز .

-36جاۋاب بار .

1.مەھرىمى يوق ئايالغا ھەج قىلىش پەرز ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئايال ھەج قىلىشقا قادىر ئەمەس. الله تەئەلا ھەجنى پەقەت ھەج قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغانلارغا پەرز قىلدى. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

ئەمەس. چۈنكى ئۈنىڭدا ئۆزگىرىش، ئۆزگىلەرگىمۇ زەرەر يەتكۈزۈش خەۋپى بار. (شەيخ ئىبنى فەۋزان )

9.ئايال كىشىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە قىستىلىشى خەۋپى تۇپەيلىدىن ئاي كىرىپ كەتكەندىن كېيىن مۇزدەلىفەدىن يېنىشى ۋە مىناغا يېتىپ كەلگەندە جەمرەتۇل ئەقەبىگە تاش ئېتىشى جائىز. (شەيخ ئىبنى فەۋزان )

10.ئايال كىشى چېچىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىگە يىغىپ ئاندىن بارماق ئۇچچى مىقدارى قىسقارتىدۇ. (شەيخ ئىبنى فەۋزان )

11.بارماق ئۇچچى دېگىنىمىز : بارماق بېشىنىڭ يۇقىرىقى بوغۇمى دېگەنلىك .

12.مۇھرىمە ئاياللىنىڭ كىيىمى: ئادەتتە ئاياللارنىڭ ھەج قىلغاندا ياكى ئۆمرە قىلغاندا كىيىدىغان مەخسۇس كىيىمى يوق، پەقەتلا ئادەتتە كىيىپ يۈرىدىغان پۈتۈن بەدىنىنى ياپالايدىغان كىيىمنى كىيىدۇ. بىراق گىرىم قىلىشقا ياكى ئەرلەرگە ئوخشۇپىلىشقا بولمايدۇ. (شەيخ ئىبنى فەۋزان )

13.ئاياللار (ھەجدە) چۈمبەل ئارتمايدۇ ۋە پەلەي كىيمەيدۇ. بىراق يات ئەرلەر بار يەردە ئائىشە ۋە ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھالارنىڭ ھەدىسىدە كۆرستىلگەندەك چۈمبىلىنى يۈزىگە تاشلىۋالسا بولىدۇ .

14.ۋاكالىتەن تاش ئاتقۇزۇش: قاتىلاڭ چىلىق تۇپەيلىدىن ئايال كىشى تاش ئاتالماي قالسا بىرەرسى ئۈنىڭغا ۋاكالىتەن تاش


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

ئېتىپ قويسا بولىدۇ . (لۇجنە تۇتدائىم )

15.ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ ئۆز ئاياللىنى قۇچاقلاش، جىما قىلىش، ياكى جىماغا ئالاقىدار گەپ سۆزلەر ئارقىلىق پايدىلىنىشى جائىز ئەمەس. (شەيخ ئىبنى فەۋزان )

16.ئەر ئۆز ئاياللىدىن جەمرەتۇل ئەقەبىگە تاش ئېتىپ بولغان، چېچىنى چۇشۇرۇپ ياكى قىسقارتىپ بولغان، قايتىش تاۋاپىنى قىلىپ بولغان ۋە قايتىش تاۋابىدىن كېيىن ساپا بىلەن مەرۋە ئارىسىنى سەئى قىلىپ بولغاندىن كېيىن پايدىلانسا بولىدۇ .

17.ئاياللارنىڭ يۈزىدىن پۈركەنجىلىرىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چوكا ئېلىپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيتى يوق. (شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم )

18.ئېھرام باغلىغان ئاياللىنىڭ چېچى تاھارەت ئالغاندا ياكى غۇسلى قىلغاندا چۇشۇپ كەتسە (قەستەن قىلىنمىغانلا بولسا) كېرەك يوق. (شەيخ ئىبنى باز )

19.ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللىدىن ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلىش ساقىت. بىراق قايتىش تاۋاپى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

20.بىرەر كىشى ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرەرسىنى بىلمەستىن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ۋە ياكى مەجبۇرلانغانلىقتىن قىلسا ئۇنىڭدا ھېچ بىر گۇناھ يوق. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

21.ئىھراملىقنى ئۆزگەرتىش: ئاياللارنىڭ بىرەر ھاجەت تۈپەيلىدىن ياكى ئۆنىڭسىز ئېھراملىقنى ئۆزگەرتىش جائىز. ( شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

22.ئاياللارنىڭ ئېھرام باغلىغاندا پايپاق كىيىشى جائىز. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن توسمىغان . (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

23.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھرام باغلىغان ئايالنىڭ نىقاپلىنىشنى توسقان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان ئايال چۈمبەل ئارتماسلىقى كېرەك، (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

24.ئېھرام قائىدىلىرىنى بىلمەي يۈزىگە چۈمبەل تاشلىۋالغان مۇھرىم ئايالغا ھېچ بىر گۇناھ يوق ۋە ئۇ ھەججىمۇ دۇرۇس. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )
25.ئېھرام باغلىغان ئايالنىڭ قېشىدىن يات ئەرلەر ئۆتكەندە قولىنى كىيىمنى بىلەن يۆگىۋېلىشى كېرەك. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

26.ئېھرام باغلىغان ئايال قايتىش تاۋاپىنى قىلماي تۇرۇپلا ھەيز كۆرۈپ قالسا: شۇ ئايال پاك بولغاندىن كېيىن قايتا كېلىش ئىمكانىيىتى بولسا قايتا كېلىدۇ . ئەگەر قايتا كېلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا شۇ سەپەرنىڭ ئۆزىدە ساقلاپ تۇرۇپ تاۋاپ قىلىدۇ ۋە سەئى قىلىدۇ. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

27.ۋىدالىشىش تاۋاپىنى قىلىشقا قۇربى يەتمەيدىغان ئاجىز كېسەلمەن كىشىلەر ئۆزىنى باشقىلارغا كۆتۈرگۈزۈپ تاۋاپ قىلىدۇ.


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

2005-يىلى 10-ئاينىڭ 20-كۈنى

ئايالLار ۋە ئاشقلىق توغۇرىسدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۆزۈرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئاياللار توغۇرىسدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ تورىبەتنى كۈرۈشكە مۇيەسسەر بۇلالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشنى تەۋسىيە قىلىمىز .

4-جاۋاب بار



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.co

30.كىرپىكنى ساغۇچ قىزىل رەڭدە بۇياشنى ( شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن) چەكلىدى، شەيخ ئىبنى مۇنئى چەكلىمىدى .

31.قېشى بەك قويۇق، كوپ بولغانلىقتىن كۆزىنىڭ نورمال كۆرىشىگە تەسىر يەتكۈزسە يۇلۇپ شالاڭلاشتۇرسا كېرەك يوق ( شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

32.ئايال كىشى ئۆز ئىرىگە گۈزەل بۇلۇش ئۈچۈن كىرپىكلىرىنى تەرسە بۇلامدۇ ؟ هەر قانداق ئەھۋالدا قېشىغا چېقىلسا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەنەت قىلغان ئىش، (شەيخ ئىبنى جۇبەيرىن )

33.تۆك ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1ـ شەرئەت ئېلىشنى هارام قىلغان تۆك، ئەرلەرنىڭ ساقىلى ۋە قاش كىرپىكلىرىگە ئوخشاش. 2ـ شەرئەت ئېلىشنى تەلەپ قىلغان تۆك، قولتۇق ۋە ئەۋرەت تۆكلىرىگە ئوخشاش. 3ـ شەرئەت سۆكۈت قىلغان، ئىنساننىڭ ئىختىيارىغا قويۇلغان تۆك، قول پۇتنىڭ تۆكىگە ئوخشاش. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

34.ئايالارنىڭ يۈزىگە ئۈنۈپ قالغان تۆك ئادەتتىكى تۆك بولسا ئۇنى يۇلۇش توغرا ئەمەس .

35.جىنسى خاسلىقتا تەسىر يەتكۈزىدىغان، ساقال بۇرۇتقا ئوخشاش تۆك بولسا ئۇنى ئېلىۋەتسە ھېچقىسى يوق. (شەيخ ئىبنى باز )

36.خال، مەڭ، گۈل چىكىش الله ئاتا قىلغان خىسلەتنى



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

66.تۇخۇم، ھەسەل، سۇ قاتارلىقلاردىن مەلھەم ياساپ ئىشلەتسە جائىز، چۈنكى الله زېمىن ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىنى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىش ئۈچۈن ياراتقاندۇر. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

67.ئاياللار قولىغا خېنە بىلەن گۈل چىكىپ ئادەتلەنگەن بولسا دۇرۇس. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ ئۆز ئېرى ئۈچۈن زىننەتلىنىشى مۇستەھەپ. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

68.گىرىم قىلىش ئىككى تۈرلۈك بۇلىدۇ: بىرەر ھادىسە سەۋەپلىك ئەيىبناك بۇلۇپ قالغان بولسا، شۇ ئەيىپنى يوّگەش ئۈچۈن گىرىم قىلىش، بۇنىڭدا كېرەك يوق. ئۆز گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە گىرىم قىلىش، بۇنىسى ھارام. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن)

-2006يىلى 1- ئاينىڭ 25- كۈنى



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

بولسا مەنمۇ قوشۇلمەن، دېسە توغرا بۇلىدۇ .

23.قىزنى، قىز رازى بولمايدىغان ئەرگە مەجبۇرلاش توغرا ئەمەس. گەرچە ئاتا- ئانا ئەرنىڭ دىنىدىن رازى بولغاندىمۇ. (شەيخ سەئىدى )

24.مەخپى نىكاھلىنىش: ئىسلامدىكى ئېلان قىلىش بىلەن بۇلىدۇ. ئۇنى مەخپى قىلىش توغرا ئەمەس. ئۇنى ئاشكارە قىلىشنىڭ ھېكمىتى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. نىكاھنى ئاشكارە قىلىش بىلەن زىنا پەرقى ئايدىڭلىشىدۇ، زىنا مەخپى قىلىنىدۇ. نىكاھنى ھازىر بولغانلارنىڭ ئېلان قىلىشى كۇپايە. (لۇجنە تۇتدائىم )

25.بىرەر ئايالنى ئەر بىر تۇققىنى ئاتىسىنىڭ ئىزنىسىز ياتلىق قىلسا، ئۇنىڭ نىكاھى باتىل. ئەگەر نىكاھنى دۇرۇس نىكا قىلىشماقچى بولسا، شۇ ئايالنىڭ ئاتىسى يېڭىدىن نىكاھلىسا (نىكاھقا رازىلىق بىلدۈرسە) ياكى بىرەر سىنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلسا بۇلىدۇ. (شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم )

26.ئىېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال قايتا ياتلىق بولمىسا دۇرۇس بۇلامدۇ؟ دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا ياتلىق بولماسلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغىلا خاس ئىشتۇر. باشقا ئاياللارنىڭ تويقىلىشتىن باش تارتىشى توغرا ئەمەس. (لۇجنە تۇتدائىم )

27.قىز ئاياللارنىڭ لايىقى ئالدىدا ئۆزىنى ياساپ يۈرىشى جائىز ئەمەس. چۈنكى گىرىم ۋە كىيىم- كېچەكلەر بىلەن ئۆزىنى گۈزەل كۆرسەتسە ئەرنىڭ كۆڭلىگە ياققان بىلەن كېيىن گىرىم ۋە


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.cn

ـ2006يىلى 1ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى

## ئاياللار ۋە تالاق توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرىكاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئاياللار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ توربەتنى كۆرۈۋشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشنى تەۋسىيە قىلىمىز .

37جاۋاپ بار

1.تالاق دېگەن سۆز ئايالىنىڭ قۇلىقىغا يەتمىسىمۇ تالاق بولىدۇ، يەنى: بىرەرسى مەن ئايالىمنى تالاق قىلدىم دىسە، بۇنى ئايالى بىلسۇن، بىلمىسۇن تالاق بولىدۇ، ئەگەر ئايالى 3 قېتىم ھېيىز كۆرگەندىن كېيىن بىلسە ئۇنىڭ ئىددىتى تۈگىگەن بولىدۇ ( شەيخ



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

ھەمشىرلىرىمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ تورىبەتنى كۈرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ھەمشىرلىرىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز .

16جاۋاب بار

1.ئەددەت : ئۇ ئايالالار كۆتۈپ تۇرىدىغان ۋە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ياتلىق بولۇشتىن چەكلەيدىغان ۋاقىتتۇر، ئىددەت تۇتۇش ۋاجىپ .

2.ئىددەتنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ھېكمەت: 1ـ بالا ياتقۇنىڭ بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش. 2ـ قايتا ياتلىق بولۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش 3ـ ئەر خوتۇنلار ئارىسىدىكى تۇرمۇشقا ھۆرمەت قىلىش .

3.جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتۈلمىگەن ئايال تالاق قىلىنسا ئىددەت تۇتۇش كەتمەيدۇ .

4.تېخى جىنسى ئالاقە قىلمىغان ئايالنىڭ ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئېرىگە ۋاپا قىلىش يۈزىسىدىن تۆت ئاي 10 كۈن ئىددەت تۇتۇش لازىم. تۆۋەندىكى ئالتە تۈرلۈك ئايال ئىددەت تۇتىدۇ .

5.بىرىنچى تۈرلۈكى: ھامىلدار ئايال مەيلى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى تالاق قىلىنغان بولسۇن يەڭگىپ بولغانغا


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

2006-يىلى 1-ئاينىڭ 26 - كۈنى

ئايالالار ۋە پەرزەنت توغۇرىسدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۆزۈرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئايالالار توغۇرىسدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ توربەتنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشنى تەۋسىيە قىلىمىز .

64 جاۋاب بار



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

چۈشۈپ كەتسە يۇيۇلىدۇ، كېپەنلىنىدۇ ۋە ئىسىم قويۇلۇپ نامىزى چۈشۈرلىدۇ ھەمدە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

21.تۆت ئاي بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈپ كەتكەن بولسا گەرچە ئوغۇل- قىزلىقى ئايرىلغان بولسىمۇ يۇقارقى رەسمىيەتلەر ئۆتەلمەيدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

22.بالا تۇغۇلۇپ گەرچە يەتتە كۈن بولماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئەقىقىسى قىلىنىدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

23.بالىنىڭ ئەقىقىسىنى بالىنىڭ بوۋىسى، مۇمىسى قىلسىمۇ بولىدۇ .

24.ئەقىقىدە سويۇلغان قوينىڭ ئۈچدىن بىرىنى يېيىش، ئۈچدىن بىرىنى دوست- بۇرادەرلىرىگە ھەدىيە قىلىش، ئۈچدىن بىرىنى مۇسۇلمانلارغا سەدىقە قىلىش سۈننەت. (شەيخ ئىبنى جىبرىن )

25.سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان نارسىدە بالىنىڭ سۈيدۈكى يېنىك تىپتىكى نىجاسەتكە كىرىدۇ. ئۇنى پاكلاشتا ئۈستىگە سۇ سېپىۋەتسىلا كۇپايە. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

26.كىچىك بالىنىڭ نىجاستىنى تازىلىغاندا تاھارەت سۇنۇپ كەتمەيدۇ. بىراق ئەۋرىتىنى بىۋاستە تۇتسا تاھارەت سۇنىدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

27.ئايال بالىسىنىڭ ئەۋرىتىنى تۇتسا تاھارەت ئېلىشى


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

ۋاجىپ. بۇ جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ قارىشى. (لۇجنە تۇتدائىم )

28.ئۆز بالىسىنىڭ ئەۋرىتىنى تۇتسا تاھارەت سۇنمايدۇ دىگەن قاراشمۇ بار. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

29.تاماق يىلەن ئۇزۇقلىنىدىغان باللارنىڭ مەيلى ئوغۇل بولسۇن، مەيلى قىز بولسۇن كىيىم- كېچەك ياكى بەدەنگە يۇقۇپ قالغان ھۆل نىجاستى يۇيىلىدۇ. ئەمما سۈت بىلەن ئۇزۇقلىنىدىغانلارنىڭ نىجاستى ئۈستىگە سۇ سېپىۋەتسىلا كۇپايە، سىقىپ، سىلاپ يۇيۇش ھاجەتسىز .

30.يۇقۇپ قالغان ھۆللۈكنىڭ نىجاسەت ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسا بەدەن ۋە ھۆللۈك بار جاي ئەسلىدىكى پاكلىق ھالىتىدە بولىدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

31.خەتنە قىلىش ئەرلەرگە نىسبەتەن ۋاجىپ (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

32.ئاياللارغا نىسبەتەن ۋاجىپ ئەمەس مۇستەھەب. (شەيخ ئىبنى باز )

33.خەتنىنى بالىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قاچانلا قىلسا بولىدۇ. (لۇجنە تۇتدائىم )

34.خەتنە توي (سۈننەت توي) قىلىش بىدئەت .

35.بالاغەتكە يەتمىگەن باللارنىڭ قۇرئان كەرىمنى تۇتۇش



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

2006-يىلى 1-ئاينىڭ 26 - كۈنى

## ئاياللار ۋە ئىمىلداشلىق توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرىكاتۇھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئايالىلار توغرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ توربەتنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشنى تەۋسىيە قىلىمىز .



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

-2006يىلى 1-ئاينىڭ26 - كۈنى

ئايالالار ۋە قارىلىق توغۇرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئايالالار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشنى ئۈمۈد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ توربەتنى كۈرۈشكە مۇيەسسەر بۇلالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشنى تەۋسىيە قىلىمىز .

46جاۋاب بار

1.قارىلىق تۇتۇش دېگەن: ئەركەكلەرنى ئۆزىگە جەلىب قىلىدىغان، زىبۇ- زىننەت، سۈرمە، خۇشپۇراق بۇيۇم ۋە كۆز قاماشتۇرىدىغان چىرايلىق كىيىم- كېچەكلەردىن ئۆزىنى تارتىش



PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

ئوخشاش باشقا بىر تۈرگە سېتىلسا كىرەك يوق. بىراق ھەق ئېلىش بىلەن بىرگە ئالتۇن ئالتۇنغا سېتىلسا جائىز ئەمەس . ( لۇجنە تۇتدائىم)

-2006يىلى 1-ئاينىڭ26 - كۈنى

ئاياللار ۋە تۈرلۈك جاۋاپلار توغرىسىدا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەركاتىھۇ. ئەزىز ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا بەزى داڭلىق قازى ۋە پىقھى ئالىملىرىمىزنىڭ ئاياللار توغۇرىسىدا بەرگەن پەتىۋالىرىنى سۇندۇق، ھەمشىرلىرمىزنىڭ بىلمىگەن، ياكى سوراشتىن خىجىل بولغان جايلارنى بىلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە بۇ توربەتنى كۈرۈشكە مۇيەسسەر بۇلالمىغان ھەمشىرلىمىزگىمۇ يەتكۈزۈپ قويىشنى تەۋسىيە قىلىمىز .


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

49.فوتو سۈرەتنىڭ ھۆكمى نىمە؟ جۇمھۇر ئەھلى ئىلملەرنىڭ ئىشەنچلىك سۆزىگە ئاساسلانغاندا جانلىق نەرسلەرنىڭ سۈرىتىنى تارتىش قول بىلەن سىزغانغا ئوخشاش ھارامدۇر، چۈنكى بۇ ھەقتە دەلىل ئۇمۇمدۇر. (لۇجنە تۇتدائىم )

50.كۆزتىكىپ ئەلەم چەككۈچىنىڭ شەرئى ئەملەشنىڭ ئۇسۇلى: مۇئەۋۋەزەتەيىن، ئايەتەل كۇرسى، كافىرۇن سۈرىسى، سۈرە فاتىھە ۋە سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇش، كۆز سالغۇچىنى تاھارەت ئالغۇزۇپ سۈيىنى كۆز تەككەن كىشىگە سىپىش ياكى يۇيۇندۇرۇش (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

51.سېھرنى سېھر بىلەن قايتۇرۇش: سېھرى ئەڭ چوڭ ھارام ئىشلاردىندۇر، بەلكى كۇپۇردۇر، سېھر قىلغۇچى ئۆز سېھرىگە شەيتاننىڭ پىئىلنى قوللانسا شەكسىز كاپىردۇر . سېھرلەنگەن ئادەمدىن سېھر قايتۇرۇش ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ .

52.سېھرنى قايتۇرۇش يوللۇق دۇئا ۋە قۇرئان كەرىم بىلەن بولسا جائىز ھەم كېرەك يوق .

53.سېھرنى، سېھر بىلەن قايتۇرۇش جائىز ئەمەس. ( شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )

54.ئاشىق- مەشۇقلار بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش: جايىز ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىسلام شەرئىتىدە قىلچە ئاساسى بولمىغان بىدئەت بايرامدۇر. مۇسۇلمان ئۆز دىنىنى قەدىرلەش ۋە دىنسىزلەرنىڭ قىلىقىنى ئەسلا دورىماسلىقى لازىم. (شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن )


PDF 文件使用 "pdfFactory Pro" 试用版本创建 www.fineprint.c

